ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# نەۋبەتى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ھەققىدە

ئابدۇللا سۇلايمان

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا لىرىك شائىر نەۋبەتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «نەۋبەتى» تەخەللۇسى بىلەن تونۇلۇپ مەشھۇر بولغان بۇ شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى، قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات تېپىلغىنى يوق. لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاز بىرقىسىم مەلۇماتلاردىن بىز ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى تەخمىنىي خۇلاسىلەرگە كېلەلەيمىز. شائىر دىۋانىنىڭ ئاخىرىغا:

ئەي يارانلار، بىز ئۆلۈرمىز يادكار قالدى كەلام،
كىشىدىن قالغاي جەھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.
مىڭ يۈز ئاتمىش ئېردى پەيغەمبەر نەبىنىڭ ھىجرەتى،
بۇ كىتابى نەۋبەتى تەسنىف بولدى ۋەسسەلام.

دېگەن رۇبائىنى خاتىمە قىلغان. بۇنىڭدىن بىز شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى ھىجرىيە 1160 (مىلادىيە 1747 - يىللىرى) دىۋان قىلىپ تۈزگەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇ يەنە بىر شېئىرىدا:

ئۆمرۈم ئەللىك يەتتەگە يەتتى ھەنۇزمەن ئەل ئەمەس،
ئەمرى ھەقنى تۇتمادىم بىھۇدە ئۆمر ئۆتتى دەرىغ.

دەپ يازغان. بىز شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنى يازغان ۋاقتى بىلەن دىۋان تۈزگەن ۋاقتىنى يېقىن دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بىز نەۋبەتىنى مىلادىيىنىڭ 1690 - يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان، دەپ پەرەز قىلالايمىز. نەۋبەتى ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

بۇ ئالەمى فانىيغە كېلىپ مەن گۇزەر ئەتتىم،
تۆرت ياشىمدا ئىلىم ئىستەگەلى مەن سەفەر ئەتتىم.
ھەر يەردىكى بىر ئالىمى خۇش فەھمىنى تاپسام،
بىرلەھزە ئانىڭ مەجلىسىدە مەن مەقەر ئەتتىم.

شائىر مۇنداق قىزغىنلىق ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىزدىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقاندىن سىرت، ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن، مۇسۇلمان شەرقىدە، بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەر-

دىن يېتىشىپ چىققان كلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى پۇختا ئۆز-
لەشتۈرگەن ۋە چوڭقۇر تەھلىل-تەتقىق قىلغان. شۇ جەرياندا ئۇ كۆپ تەرەپلىمە بىلىم-
گە ئىگە تالانتلىق شائىر بولۇپ يېتىشكەن. نەۋبەتى ئۆزىدىن بۇرۇنقى كلاسسىكلارنىڭ
ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، كۆپ-
لىگەن لىرىك شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان. نەۋبەتىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن دەۋرلىرىدە
شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلىمۇ خوتەندە ئىدى. لېكىن بۇ ئىككى شائىر ئۇچراشقان
ياكى ئۇچراشمىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. نەۋبەتىنىڭ:

چىقىپ ياركەند دىيارىدىن مەنازىللارنى قەتئ ئەيلەپ،
زىيارەت قىلغالى سۇلتان سۇتۇق بۇغرايخان كەلدىم.

دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلارغىمۇ بارغانلىقى مەلۇم.
شائىر نەۋبەتىنىڭ ياشىغان دەۋرى شىنجاڭنى زۇلمەت قاپلىغان مەزگىل ئىدى. بىر قى-
سىم خوجىلارنىڭ سىرتقا قارىتا تەسلىمچىلىك، ساتقۇنلۇق قىلىپ، خەلق ئىچىگە قارىتا
شىددەتلىك باستۇرۇش ئېلىپ بېرىشى، ئۆزئارا جاڭجال ۋە قانلىق ئۇرۇشلارنى داۋام-
لىق قوزغىشى نەتىجىسىدە يۇرت ۋە خەلق مىسلىسىز زور بالايىئاپەتكە دۇچار بولۇ-
ۋاتاتتى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتە سوفىزمنىڭ خۇراپاتلىق، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتلىرى
كۈچەپ تەرغىب قىلىنىپ، مەنىۋى كەيپىيات چۈشكۈنلەشكەنىدى. نەۋبەتىنىڭ:

مۇغۇلىستاندا كافىرى زالىمى خانلىق،
فۇقەرالار غەمۇ ھەسرەتدە بولۇپ ھەيرانلىق،
.............................................................
بۇ مەھەلدە ھەمە زالىملار يۈرۈر راھەتدە،
مۇئمىن ئەل زۇلمۇ سىتەم بىرلە بولۇر دەربانلىق.

دېگەن مىسرالىرى بۇ تارىخى رېئاللىقنىڭ ئىخچام خاتىرىسىدۇر. نەۋبەتى ئەنە شۇ دەۋر-
دە ياشاپ، ئىجات ئەتكەن، تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار كۆزقاراشلارنى ئالغا سۈرگۈچى
شائىردۇر.

نەۋبەتى شېئىرلىرىدا دىنىي مەزمۇندىكى شېئىرلاردىن قالسا مۇھەببەت تېمىسى
مۇھىم ۋە سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شائىر نەۋبەتى يارنىڭ نۇرانە ھۆسنى-جاما-
لىنى، چىرايلىق سۆز-ھەرىكەتلىرىنى، ئاشىق-مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى پاك ۋە گۈزەل
مۇھەببەت كۆرۈنۈشلىرىنى يۇقىرى ھاياجان بىلەن تەسۋىرلەيدۇ:

فەسلى نەۋبەھارىدا گۈل كەبى ئاچىلغان قىز،
مىسلى كاكۇلى سۇنبۇل ھەرتەرەف ساچىلغان قىز.
زەۋقىدە ئىچىپ بادە، مەيدە ئەكسىنى كۆردۇم،
ھۇسن باغىدا تەنھا ئولتۇرۇر خىرامان قىز.
شۇم رەقىبلەر جىھەتىدىن بولمادى يۈزىن كۆرمەك،
بۇلۇت ئىچرە ئاي مۇزمەر، زۇلفى ئىچرە پەنھان قىز.
كۆز ئۇچى بىلە باقتى، تەگدى تىيرى مىژگانى،

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



سىينەم ئۆزرە پەيكانى رەھنە قىلدى ۋەيران قىز.
مەن ئەيتتىمكى: ئەي دىلبەر، لەبلەرى گۈلى ئەھمەر،
سەدقەئى جەمالىڭدىن بىزگە ئەيلە ئېھسان قىز.
غۇنچەئى نەھالىدا ئىككى مېۋەنى كۆردۈم،
ياكى ساڭگۇلاچ ئالما، ياكى ئىككى رۇممان قىز.
..........................................
رەھىم ئەيلە، ئەي مەھۋەش، تۈشتى جانىمە ئاتەش،
نەۋبەتى نىھالىڭغە بولدى ئىشقىپىچان قىز.

مانا بۇ مىسرالاردا شائىر بەدىئىي سەنئەتنىڭ رولىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارنى قىزدىن ئىبارەت لىرىك پېرسوناژنىڭ ۋۇجۇدىدا گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. شۇ ئارقىلىق كىشى قەلبىنى زوقلاندۇرۇپ، ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان گۈزەل لىرىك پورتېرت ياراتقان.

نەۋبەتىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا يەنە ھىجران ئازابى تارتىۋاتقان ئاشىقنىڭ يارۋەسلىگە يېتىش ئارزۇلىرى، سېغىنىش تۇيغۇلىرى ئىزھار قىلىنىدۇ:
ئەي مۇسۇلمانلار، مېنى ئول دىلرەبا ئۆلتۈرگۈدەك،
كۆيدۈرۈپ فۇرقەت ئوتىدا بىگۇنا ئۆلتۈرگۈدەك.
دېگەن مىسرالار،
ئەي سەبا، بەرگىل خەبەر ئول شەھسەۋارىم كەلدىمۇ،
لۇتف ئېتىپ ھالىم سورارغە ھەمدە يارىم كەلدىمۇ.
دېگەن مىسرالار ۋە:
نە خەتالىق مەندىن ئۆتتى ياردىن تۈشتۈم يىراق،
كېچە - كۈندۈز فۇرقەتىدە تارتادۇرمەن ئىشتىياق.
دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان غەزەللەرنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

سەمىمىي ساداقەت، پىداكارلىق، ۋاپادارلىق نەۋبەتىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا ئالغا سۈرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم مەزمۇندۇر.
يارنىڭ كوييىدا ئۆلمەك قەندۇ شەككەردىن لەزىز،
فۇرقەتى ئىشقىدا كۆيمەك قەندۇ شەككىردىن لەزىز.
دېگەن مىسرالاردا يار ئۈچۈن چەككەن جاپا - مۇشەققەت لەززەتلىك، دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ. يەنە:
گەر سەن تۇفەيلى ماڭا ھەر بىداد - سوراق بولسە نەسىب،
سىلسىلەئى دار ئالدىدا تۇرۇپ جاۋابداش مەن بولاي.
سىدقى دىلاۋەر نەۋبەتى، يار بەستىدە زور قۇدرەتى،
ئەھلى ئەدۇغا گور قازىپ يانىڭدا قانداش مەن بولاي.
دېگەن مىسرالاردا شائىر ئۆزىنىڭ پىداكارلىق روھىنى ئىزھار قىلغان.

نەۋبەتىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا يەنە ۋاپاسىزلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك قاتار-

لىق ئىللەتلەر پاش قىلىنغان ۋە ئەيىبلەنگەن، ۋاپاسىز ياردىن كۆرگەن دەرد-ئەلەملەر، ئازاب-كۈلپەتلەر ھەسرەت بىلەن بايان قىلىنغان:

جىلۋە ئەيلەپ دوستلۇق مېھرىنى بۇنياد ئەتتىڭىز،
مەرھەمەت ئەيلەپ ھەزىن كۆڭلۈمنى ئاباد ئەتتىڭىز.
ۋەئدە بىرلە كۆرسەتىپ مېھرۇ ۋەفالىق رەسمىنى،
ئىلتىفات ئەيلەپكى مەن بىچارەنى شاد ئەتتىڭىز.
كۆپ ئۇمىدىم بار ئىدىكى ۋەئدەگە قىلغاي ۋەفا،
بىۋەفالىق ئەيلەبان كۆڭلۈمنى ناشاد ئەتتىڭىز.
يۈرەكىمنى غۇنچە يەڭلىغ تەھ-بەتەھ قان ئەيلەبان،
مەن يەتىمگە رەھم قىلماي زۇلمۇ بىداد ئەتتىڭىز.
بۇ جەھاندا بىۋەفا مەئشۇق رەسمى ئۇشبۇدۇر،
سەبر ئەيلەڭ نەۋبەتىكىم تۇرفە فەرياد ئەتتىڭىز.

نەۋبەتى ئۆزىنىڭ ھاياتقا ۋە رېئال جەمئىيەتكە بولغان كۆز قارىشى ۋە باھاسىنىمۇ كۆپىنچە مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن:

كۆڭلۈم ئالدى ناگەھان ئول دىلبەرى ئەييار قىز،
ئارەزى چۇن شەمس تەلئەت، قەددى خۇش رەفتار قىز.
ساچلارى مانەندى سۇنبۇل، لەبلەرى مانەندى گۇل،
سۆزلەرى قەندىن لەزىز، خۇشخۇيۇ خۇش گۇفتار قىز.
مەن كەبى يۈزمىڭ گەدانى ھەسرەتىدە كۆيدۈرۈپ،
تىيرى باران ئەيلەبان مىژگانلارى خۇنخار قىز.
..................................................
بەرمەگىل كۆڭلۈڭنى بۇ دۇنيايى فانى قىز كۆرۈپ،
ئاربىيەتدۇر ئاخىرى قىلغاي سېنى بىمار قىز.

دېگەن مىسرالار ۋە:

كۆھنە بىۋەفا دۇنيا كۆرۈنۈر جەۋانان قىز،
كىم ئانىڭغە دوست بولسە ئول قىلۇر غۇلامان قىز.
..................................................
دوست تۇتمە، ئەي ياران، ئىستەبان يۈرۈپ ھەريان،
ئول ساڭا ۋەفا قىلماس، كەلتۈرۈر پۇشەيمان قىز.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق دۇنيانى ۋاپاسىز قىزغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىماسلىقتا، كۆڭۈل بەرمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ.

نەۋبەتى ئەسەرلىرى ئىچىدە يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىرلارمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. «شائىر: تەفاخۇر ئەيلەسەم ھەقلىق دىيارىم بەردىن ئارتۇق» دەپ ئۆزىنىڭ گۈزەل يۇرتى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

مۇساھىبىم سۆز باشلاساڭ ئەۋۋەل خوتەندىن باشلاغىل،

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



دىلبەرىم خۇرشىد يۈزۈم، ئول سىيمتەندىن باشلاغىل.
باشقە گەپكە ئاچمە لەب يوقتۇر بۇنىڭچە خاسىيەت،
دىلئارام، تەفاخۇرۇم ئول جانۇ تەندىن باشلاغىل.

دىگەن غەزىلدە شائىر سۆھبەتدىشىغا «ھەرقانداق سۆز باشلىماقچى بولساڭ ئاۋۋال خوتەندىن باشلا» دەپ خىتاب قىلىدۇ، ئۆز يۇرتى خوتەننى قۇياش يۈزلۈك، كۈمۈش بەدەنلىك دىلبەرگە ئوخشىتىدۇ: دۇنيادىكى ھەرقانداق سۆھبەتلەر ئىچىدە ئەڭ خاسىيەتلىك سۆھبەت ئۆزى تۇغۇلغان ئانا تۇپراق ھەققىدە سۆزلىشىش ئىكەنلىكىنى، چۈنكى بۇ گۈزەل دىيار ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئارامى، پەخرى، ھەتتا جېنى ھەم تېنى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

رەۋزەگە مانەند خەيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.

دەپ باشلىنىدىغان توققۇز بېيىتلىق غەزىلى نەۋبەتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ پارلاق نەمۇنىسىدۇر. شائىر بۇ غەزەلدە ئانا يۇرتى خوتەننى ئاجايىپ گۈزەل ئوخشىتىشلار بىلەن سۈپەتلەيدۇ ۋە قىزغىن كۈيلەيدۇ. ئۇنى جەننەتتىنمۇ ئارتۇق بىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇبارەك تۇپرىقى رەھمەت سۈرمىسى، كۆزلەرگە تۇتىيا ئىكەنلىكىنى؛ بۇ گۈزەل دىيارنى ھۆر-پەرىلەرنىڭ شىرىن لەۋلىرىدىكى ھەسەل، ھۆسنى جامالىدىكى قۇياش، شەھلا كۆزلىرىدىكى يۇلتۇز، يادەك ئەگىم قاشلىرىدىكى يېڭى ئاي دەپ بىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ؛ جاھاننىڭ دانىشمەن مۇئەللىملىرى، شائىرلىرىغا خىتاب قىلىپ، خوتەننى باللارغا دەرس ۋە ماقالە قىلىشى، ئۆز ئەسەرلىرىگە خوتەننى قوربېشى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. غەزەلنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىدا شائىر ئۆزىگە خىتاب قىلىپ:

سەن ھەم، نەۋبەتى، سىياھ روي ئېلىگە،
رەقىبلەر كۆزىگە زەۋال ئەت خوتەننى.

دەپ يازىدۇ. بۇ ئىككى مىسرادا شائىر گۈزەل ۋەتىنىنى ياتلارنىڭ يامان كۆزىدىن قاچۇرۇش، يوشۇرۇش، قىزغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ پاك ۋە ئەزىز ماكاننى قارا يۈز رەقىبلەرنىڭ ئاياغ، ئاستى قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقى، ئۇنى جان تىكىپ قوغدايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پىداكارانە روھىنى نامايان قىلىدۇ.

شائىر نەۋبەتى ئۆز قەلبىدىكى ئەڭ چوڭقۇر سۆيگۈسىنى ۋەتەنگە بېغىشلىغان؛ ئەڭ قايناق، ئەڭ نازۇك ھېس-تۇيغۇلىرىنى ۋە بەدىئىي ئىستىداتىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ كۆپلىگەن غەزەللىرىدە ئانا ۋەتىنىدىن چەكسىز سۆيۈنۈش، غۇرۇرلىنىش، ئۇنى جېنىدىن ئەزىز بىلىش تۇيغۇلىرى جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ. سوفىزمىنىڭ تەركىي ۋەتەنچىلىك، تەركىدۇنياچىلىق تەرغىباتى ۋابادەك يامراپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى قاپلىغان ئاشۇ XVII ئەسىردە شائىر نەۋبەتىنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ چىقىشى ھەقىقەتەنمۇ يۈكسەك ئىلغارلىق، زور ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ خىل روھ ئۆز دەۋرىدىلا

ئەمەس، بۇگۈنكى كۈندىمۇ يۈكسەك ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك روھتۇر.
نەۋبەتى شېئىرلىرىدا يەنە ھەر خىل ئىلغار ئىجتىمائىي ئەخلاقىي كۆزقاراشلار ئالغا سۈرۈلگەن. مەسىلەن: «لەگەدكۈب ئەيلەمە ھەرگىز دىلىڭغە ئەدلۇ ئىنسافنى» دەپ باشلىنىدىغان بىر غەزىلىدە مۇنداق مىسرالار بار:

ئۆزەڭنى ئادەمىي بىلسەڭ ئىلگەللە فەتھى نۇسرەتنى،
دېمەگىل جۇملە كارىڭدا كېرەكسىز مەيلى ئىنسافنى.
چېچەكلەر كەۋنەيىن كامىڭ ئىشىڭ رۇستلۇق بىلە ئۆتسە،
يېتىلدۇر تەربىيەتۇ مېھر بىرلە نەخلى ئىنسافنى.

شائىر بۇ مىسرالار ئارقىلىق كىشىلەرنى ئادالەتلىك، ئىنساپلىق، تۈز كۆڭۈل بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. شائىر يەنە:

ھەر زەمان قىلغىل كىشىگە ياخشىلىقنى پېشەئى،
ياخشىلىق كۆز تۇتماغىل تۇخمى يامانلىقنى تېرىپ.

دېگەن مىسرالار؛

ئۆزۈڭگە نەفئ كۆرۈپ خاھلاما كىشىگە زەرەر،
چۇقۇرنى كىم قازسە ئۇل چۇقۇرغە شول تىقىلۇر.

دېگەن مىسرالار ۋە:

ئەي يارانلار، بىز ئۆلۈرمىز يادكار قالدى كەلام،
كىشىدىن قالغاي جەھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.

دېگەن مىسرالاردا كىشىلەرنى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ ئۆزگىلەرگە زىيان سالماسلىققا، دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇپ كېتىشكە چاقىرغان، باشقىلارغا يامانلىق قىلغان كىشىنىڭ ياخشىلىق كۆرمەيدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان.
نەۋبەتى ئەسەرلىرى ئىچىدە يەنە پىزاژ لىرىكىمۇ دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى، قايغۇ ۋە شادلىقىنى پورتېرىت تەسۋىرى ۋە پىزاژ تەسۋىرلىرىگە سىڭدۈرۈپ ئىزھار قىلغان.

ئالما، دەيدۇرلار، ئالۇرلار ئالمەنى،
قويىنغە يىلداپ سالۇرلار ئالمەنى.
ئالمەغە مەيل ئەتسە ھەركىم ناگەھان،
شاخىدىن ئېگىپ ئالۇرلار ئالمەنى.
ھېچ مېۋە ئالمەدەك مەرغۇب ئەمەس،
زەۋق ئىلە جانىم سورارلار ئالمەنى.
نازىنىن رۇخسارى يەڭلىغ رەڭ - بەرەڭ،
تاختەغە تىزىپ قويارلار ئالمەنى.
تۇرفە خۇشبۇيلۇق ئۇلا ئۆي زىينەتى،
فۇل بېرىپ ساتىپ ئالۇرلار ئالمەنى.
كەلسە نەۋرۇز فەسلى ئەييامى بەھار،

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



چوڭلاغە تۇھفە قىلغۇرلار ئالمەنى.
ئۇمرۈڭ ئۆتتى نەۋبەتى ھەسرەت بىلە،
جۇستىجۇ قىلسە تاپارلار ئالمەنى.

مانا بۇ غەزەل نەۋبەتىنىڭ پىرزاۋ لىرىكىلىرى ئىچىدىكى بىرقەدەر خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ غەزىلىدە ئالمىنىڭ گۈزەللىكى، خۇش پۇراقلىقى، ئىنسانلارنىڭ ئۇنى قانداق ياخشى كۆرۈپ، قانداق قەدىرلەيدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار تەبىئىي كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھايات گۈزەللىكلىرىنى ئالمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئىنسانلارنىڭ، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنتىلىش روھىنى نامايىش قىلغان.

يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن ۋە تېخى سۆزلەنمىگەن ئىلغار ئىدىيەۋى مەزمۇنلار نەۋبەتى ئەسەرلىرىدە ئاساسىي ۋە خاراكتېرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. لېكىن ئەينى دەۋرنىڭ چەكلىملىكى ۋە ئاپتورنىڭ بىلىش جەھەتتىكى چەكلىملىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بىرقىسىم ناچار خاھىشلارمۇ مەلۇم جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

نەۋبەتى ئەينى دەۋرنىڭ زۇلمەتلىك رېئاللىقىغا نارازى ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ كۆلپەتلىك ھاياتىغا چەكسىز ئېچىناتتى. لېكىن ئاشۇ خارلىنىۋاتقان بىچارە مېھنەتكەشلەرگە قانداق ياردەم بېرىشنى، ئۇلارنىڭ دەردلىك دىللىرىغا قانداق مەلھەم بېرىشنى بىلمەيتتى.

رەسم ئۇلۇپدۇركىم، ئۇلۇس ئەھلىغە دائىم غەم يېمەك،
گەر تىرىك بولساڭ خۇدا بەرگەي ساڭا نانۇ نەمەك.

دېگەن ئىككى مىسرانىڭ ئالدىنقىسىدا شائىر خەلقنىڭ غەم-ئەندىشىلىك تۇرمۇشىنى ئىپادىلىگەن؛ كېيىنكىسىدە بولسا، بۇنداق غەم-ئەندىشىلەرنى ئويلىماسلىققا چاقىرىپ، تىرىك بولساڭلا، خۇدا ئاش-نان بېرىدۇ. شۇڭا غەم قىلىشىنىڭ، قايغۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ:

بىھۇدە غەم يېمەڭىز جان بولسە جەھان تاپىلۇر،
گەر ھەيات بولسە كىشى تۆرلۈك ئاش-نان تاپىلۇر.

دېگەن مىسرالىرىمۇ يۇقىرىقى پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ غەم-قايغۇ قاپلىغان كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بۇخىل «تەسەللى» كىشىلەرنىڭ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئاشۇ ئازاب-كۆلپەتلىك رېئاللىقنىڭ ئىنتائەتمەن قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان. نەتىجىدە «جان بولسا، جاھان؛ ئاش بولسا قازان» دەيدىغان تەييارتاپلىق، بىپەرۋالىق، چۈشكۈنلۈك پەلسەپىسىنى تەرغىب قىلغان. روشەنكى، بۇنداق تەرغىبات خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، گۈزەل ئىستىقبالىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىسىز ئىدى.

خۇدايىم رەھم قىلىپ رەھمەتى ئەتا قىلسە،
باشىغە تاج قويۇپ جامەئى ئەرغەۋان تاپىلۇر.

.........................................

كىشىگە يەتسە قەزا يەنچىلۇر چۇكۇزە كەبى،
بەھانە بىرلە كۇزە تاشقە ناگەھان چاقىلۇر.

دېگەن مىسرالاردا شائىر دۇنيانىڭ سەۋەب-نەتىجە قانۇنىنى ۋە ئىنسان پائالىيىتىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىپ، ھەممىنى تەقدىر ھەل قىلىدۇ، دەيدىغان كۆزقاراشنى قۇۋۋەتلىگەن، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ بارلىق قىسمەتلىرىنى تەقدىردىن كۆرۈشكە دەۋەت قىلغان. ئېنىقكى، بۇ خىل كۆز قاراشنى تەشۋىق قىلىش، خەلقنىڭ ئۆزى تارتقان ئازاب كۆلپەتلەرنىڭ ھەقىقىي سەۋەبچىلىرىنى تونۇۋېلىشى ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى.

نەۋبەتى شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ناچار خاھىشلار ئۇنىڭ ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر كۆز قاراشلىرى بىلەن سىغىشالمايدىغان بىرخىل زىددىيەتلىك ئەھۋالنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. بۇ خىل ئەھۋال شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى زىددىيەتلىك ھالەتلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئىپادىسىدۇر. بۇنى ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىكى ۋە ئىدېئولوگىيىسىدىكى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ، كەڭ ئەۋج ئالغان پاسسىپ ئامىللارنىڭ ئاپتور ئىدىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، نەۋبەتى شېئىرلىرىدا ئەركىن مۇھەببەتنى، ھايات گۈزەللىكلىرىنى، چىن ۋە سەممىي ساداقەت، ئالىيجاناب ئەخلاقى پەزىلەتلەرنى كۈيلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىلغار ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ؛ ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئېچىنىش، ئۇلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشتەك پىداكارلىق روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇلار نەۋبەتى ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىكى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان خاراكتېرلىك ئامىللاردۇر. نەۋبەتى شېئىرلىرى يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى، ۋەزنىنىڭ راۋانلىقى، پىكىرنىڭ مەنتىقىي جەھەتتىن ئىزچىللىقى ۋە روشەنلىكى، ھېسسىياتنىڭ قايناقلىقى قاتارلىق بىر قاتار ئەۋزەللىكلىرى بىلەنمۇ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، خەلقىمىزنىڭ مۇھىم مەنىۋى بايلىقى، يېقىن سىردىشى سۈپىتىدە ئىككى يېرىم ئەسىردىن بېرى خەلق ئارىسىدا دەپتەردىن دەپتەرگە كۆچۈرۈلۈپ، كۈي-مۇقاملارغا تېكىست قىلىنىپ، دەرسخانىلارنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

